ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 15 ـ سان
ئۆكتەبىر 2021

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر

# 43 دۆلەت شەرقىي تۈركىستاننى چەكلىمىسىز تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى



DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV



# قورچاق رەئىس شۆھرەت زاكىر ئىستېپا بەردى

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ قورچاق رەئىسى شۆھرەت زاكىر ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سورىغان بولۇپ بولۇپ، ئەركىن تۇنىياز مۇۋەققەت رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەن.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى»نىڭ 29 - قېتىملىق يىغىنى 30 - سېنتەبىر ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، يىغىندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىرنىڭ ئىسپاتنامىسى تەستىقلانغان.

يىغىندا يەنە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان ئەركىن تۇنىياز مۇۋەققەت رەئىسلىككە تەيىنلەنگەن. ئۇ يىغىندا قەسەم بېرىپ ۋەزىپە ئۆتكۈزۈۋالغان.

شۆھرەت زاكىر 2014 - يىلىنىڭ ئاخىرى سابىق قورچاق رەئىس نۇر بەكرىنىڭ ئورنىغا مۇۋەققەت رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەن بولۇپ، 2015 - يىلىنىڭ بېشىدا رەسمىي رەئىس بولۇپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان. ئۇ خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا رەسمىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزگەن يېقىنقى ئالتە يىلدا خىتاي ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلغان تارىخىي جىنايەتچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2019 - يىلى 10 - ئايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشقا قاتناشقان خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزگەن بولۇپ، شۆھرەت زاكىر مەزكۇر قارا تىزىملىكتىكى تۇققۇز كىشىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى. جازا تەدبىرىگە ئاساسەن بۇ كىشىلەرنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشى چەكلىنىپ، مال-مۈلكى توڭلىتىلىدىغان بولۇپ، شۆھرەت زاكىرنىڭ كۆپلىگەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەدە ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭمۇ مەزكۇر جازانىڭ ۋاستىلىك تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقى مەلۇم بولغانىدى.



# دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 72 يىللىق ئاسارەتكە قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى



1 - ئۆكتەبىر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنىڭ 72 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل، ئەنقەرە، كونيا، قەھرىمانماراش ۋە كاستامونۇ شەھەرلىرىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىگە ۋە جىنايەتلىرىگە قارشى نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە بىر تۇتاش ئۆتكۈزۈلگەن نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشقا مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى. نامايىشچىلار شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا «خىتاي، جازا لاگېرلارنى تاقا»، «خىتاي، شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەت»، «خىتاي، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختات»دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاشتى.

نامايىش ئالدى بىلەن تۈركىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت مارشىنى ئوقۇش بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بايانات ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ باياناتىدا خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ 72 يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ كەلگەنلىكىنى، سەككىز مىليون خەلقنى جازا لاگېرىغا سولاپ، تۈرلۈك جىنايەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېتىقادىنى يوقىتىش، خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئون نەچچە مىڭ مەسچىتنى چېقىپ تۈزلىۋەتكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغىن قىلىپلا قالماي، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىگىمۇ بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى تەرەپتە تۇرۇپ، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى توختىتىشقا، بولۇپمۇ تۈركىيەنى خىتايغا قارشى تېخىمۇ كۈچلۈك ئاۋاز چىقىرىشقا چاقىردى.

يىغىلىشقا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام ئەرەبچە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە «تېررورچى، ئەسەبىي» دېگەن تۆھمەتلەرنى ئارتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنغانلىقىنى،



بولۇپمۇ ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنى يالغان تەشۋىقاتى ئارقىلىق كۆز بوياپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلىدى ۋە ئىسلام ئەللىرىنى خىتاينىڭ ئالدامچىلىقىغا ئىشەنمەسلىككە، خىتاينىڭ ماللىرىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىردى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى باش كاتىپى ئابدۇللاھ ئوغۇز ئەپەندى سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ھەمدەمدە بولغان، دەۋانى قوللىغان بارلىق دۆلەت، تەشكىلاتلارغا ۋە خەلققە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

د ئۇ ق ۋەقفى رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇخەمىت ئەپەندى سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغىن قىلىپلا قالماي، دۇنياغا تەھدىت بولۇۋاتقانلىقىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ، خىتاينىڭ تەھدىتىگە قارشى تۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قازاقىستان ۋەكىلى سەدىردىن ئايۇپ ئەپەندى سۆز قىلىپ، قازاقىستان خەلقىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى ھەمدە خەلقنى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئۈمىدسىزلەنمەسلىككە چاقىردى.

مەزكۇر نامايىشقا يەنە تۈركىيەدىكى بىر قىسىم پارتىيەلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئىيى پارتىيەسىنىڭ ئىستانبۇلدىكى پارلامېنت ئەزاسى كۈرشات جەيلان ئەپەندى، ھۆر داۋا پارتىيەسىنىڭ ئىستانبۇل شۆبە ۋەكىلى شاراپەددىن گۆلەي ئەپەندى سۆز قىلدى. ئۇلار سۆزىدە خىتاينى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلىرىنى توختىتىشقا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ئىگە بولۇشقا چاقىردى.

ئارقىدىن ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەقفىدىن دوكتور بۇرھان ئۇلۇغيول ئەپەندى ئىنگلىز تىلدا بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ جازا لاگېرى تەسىس قىلىش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايەتلىرىنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇلارنىڭ خەلقئارالىق نىزاملارغا ئېنىق خىلاپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئاتاۋۇللاھ خەلپەتھاجىم سۆز قىلىپ، خەلقنى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى ھەمدە ئاللاھتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى.

ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئەنقەرە ۋەكىلى ئابدۇلھەمىد پامىر ئەپەندى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى. ئارقىدىن كېلەچەك پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەلچۇق ئۆزتاغ ئەپەندى سۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرۋاقىت شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى، شۇنداقلا خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى توختىتىشقا چاقىردى.

تۈركىيەنىڭ كونيا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشتا سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفىنىڭ كونيا شۆبىسى رەئىسى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن ئەپەندى بايانات ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ كونيادىكى خىتايغا قارشى پائالىيەتنىڭ كونيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، كونيا خەلقىنىڭ، شۇنداقلا يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى، خىتاينىڭ ئىشغالىيىتى ۋە جىنايەتلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈردى.



ئۇندىن باشقا تۈركىيەنىڭ كاستامونۇ، قەھرىمانماراش شەھەرلىرىدىمۇ جۈمە نامىزىدىن كېيىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە قارشى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ كۈنى ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادېلەيد شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى ھەمدە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىگە ۋە 72 يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسىتى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە غەزەپ-نەپرىتىنى بىلدۈردى، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى تەرىپىدە تۇرۇپ، خىتايغا بېسىم قىلىشقا چاقىردى.

شۇنداقلا يەنە گېرمانىيەنىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى خىتاي كونسۇلخانىسىغا يېقىن جايدا ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل ۋە خىتايلاردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا كىشىلەر خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى.

2 - ئۆكتەبىر ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار پارىژدا خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىنىڭ 72 يىللىقى ۋە يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى.

نامايىشنى فىرانسىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتى تەشكىللىگەن بولۇپ، گوللاندىيە ۋە بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى، سىياسىي پائالىيەتچىلەر ۋە جازا لاگېرى شاھىتلىرىمۇ نامايىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن مەخسۇس پارىژغا يىغىلغان. نامايىشقا يەنە ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغان ياۋروپا ۋە فىرانسىيەنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى، شۇنداقلا زور ساندىكى يەرلىك فىرانسۇزلار قاتناشتى.

نامايىشچىلار خىتايغا قارشى تۈرلۈك پىلاكاتلارنى، شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، جاراڭلىق شوئارلىرىنى تووۋلىغىنىچە زور كۆلەملىك يۈرۈش قىلغاندىن سىرت، ئۇيغۇرلار تەييارلىغان شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ زۇلۇمى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىسقا دراما ئورۇنلىنىپ، خەلقنى تەسىرلەندۈردى. ئارقىدىن نامايىشچىلار جۇمھۇرىيەت مەيدانىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان 72 يىللىق تېررور سىياسىتى ۋە جىنايەتلىرى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى. ئۇندىن باشقا ياۋروپا ۋە فىرانسىيە پارلامېنت ئەزالىرىمۇ سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى ئەيىبلىدى.

ياۋروپا ئۇيغۇر ئىنستىتۇتىنىڭ رەئىسى دىلنۇر خانىمنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ قېتىم پارىژغا يىغىلىپ، بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە ئىجرا قىلغان جىنايەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتىشىگە تۈرتكە بولۇش ئىكەن.

خىتايغا قارشى نامايىش يەنە شۋېتسىيە پايتەختى ئىستوكھولمدىكى خىتاينىڭ باش ئەلچىخانىسى ئالدىدىمۇ ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، نامايىشتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى قاتتىق ئەيىبلەندى، شۇنداقلا خىتايدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان تېررور سىياسىتىنى توختىتىش تەلەپ قىلىندى.

ئۇندىن باشقا ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار 1-ئۆكتەبىر ۋاشىنگتوندىكى لىنكولىن خاتىرە سارىيى ئالدىدا خىتاينىڭ باستۇرۇش سىياسىتىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىشنى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى ۋە ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى تەشكىللىگەن بولۇپ، بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرىمۇ قاتناشتى. نامايىشتا خىتايغا قارشى بايانات ئېلان قىلىنغاندىن سىرت، جازا لاگېرى شاھىتلىرى ئۆزلىرى باشتىن كەچۈرگەن دەھشەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەن.




2015 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى ساقچى قىسمىدا ئون نەچچە يىل ئىشلىگەن بىر سابىق خىتاي ساقچىسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قامالغان تۇتقۇنلارنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىيىن-قىستاقلارغا ئالدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

نۆۋەتتە ياۋروپادا سۈرگۈندە ياشاۋاتقان جياڭ فامىلىلىك مەزكۇر خىتاي ساقچى CNN مۇخبىرىغا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خىزمەت كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ، نامسىز هالدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسىتىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئاشكارىلىغان. ئۇ بايان قىلغان تەپسىلاتلار جازا لاگېرى شاھىتلىرى گۇۋاھلىق بەرگەن خىتاينىڭ جىنايەتلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىققان.

سابىق خىتاي ساقچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا شى جىنپىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش خىزمىتى» دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن. خىتاي رىجىمى بارلىق خىتاي ئۆلكىلىرىدىن 150 مىڭ ياردەمچى ساقچى قوبۇل قىلىشنى پىلانلىغان ھەمدە بارلىق خىتاي ئۆلكىلىرىنى ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ ئامىمۇۋى بىخەتەرلىكىنى ساقلاشقا ياردەم بېرىش» نامىدا تەشكىللەنگەن ئاتالمىش «تېررورلۇققا زەربە بېرىش» سېپىگە قوشۇلۇشقا بۇيرۇغان.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، باشلىقى ئۇنىڭدىن مەزكۇر ھەرىكەتكە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا: «بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىشىمىز كېرەك» دېگەن. ساقچى دۆلەت بىخەتەرلىك تەھدىتىگە قارشى تۇرۇشتىن باشقا، ئۆزىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى ئارزۇ قىلغان بولغاچقا، تەشكىللەنگەن ياردەمچى ساقچىلار بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستانغا بارغان. شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەندىن كېيىن، رەسمىي تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى چوقۇم ۋەزىپە قىلىپ چۈشۈرۈلگەن مەلۇم سانغا يېتىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەنلىكىنى بىلگەن. خىتاي ئۆلكىلىرىدىن چاقىرىلغان ساقچىلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇققا ئاساسەن تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى ئىجرا قىلغان.

ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاينىڭ بۇ خىل تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ھەممىسى پىلانلىق، سىستېمىلىق داۋاملاشقان بولۇپ، ھەربىر ئادەم بىر نىشانغا زەربە بېرىشى كېرەك ئىكەن. ئەگەر بىرەر كىشى

قولغا ئېلىنىشقا قارشى چىقسا، ساقچىلارغا قورالىنى ئۇ كىشىنىڭ بېشىغا تىرەپ تۇرۇپ مىدىرلىماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش، ئاگاھلاندۇرۇشقا بويسۇنماي ھەرىكەت قىلغان ھامان ئېتىپ تاشلاش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن.

سابىق ساقچىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەزگىلنى «ئۇرۇش دەۋرى» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ئەمەلدارلىرى شەرقىي تۈركىستاننى «ئۇرۇش رايونى» دەپ قارىغان. ساقچى باشلىقلىرى مەزكۇر يارەمچى ساقچىلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ «خىتاي دۆلىتى»نىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ساقچىلارنىڭ ھەممىسى بىر يىل ئىچىدىلا ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەردىن 900 مىڭ كىشىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى، ئەگەر بۇ ھەرىكەتلەرگە قارشىلىق قىلسا، ساقچىلارنىڭمۇ قولغا ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن.

سابىق ساقچى مۇخبىرغا يەنە: «مەلۇم رايوندا ياكى بىر ناھىيەدە تۇتقۇن قىلىش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلگەن نەچچە يۈز ئادەم بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا قولغا ئېلىنىدۇ» دېگەن.

خىتاينىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇققا زەربە بېرىش ھەرىكىتى» يۇقىرى پەللىگە چىققان دەۋرلەردە، سابىق ساقچى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوخشىمىغان رايونلىرىغا تۆت قېتىم ئادەم تۇتۇشقا تەقسىم قىلىنغان. ئەمما ئۇ ئاستا-ئاستا قىلىۋاتقان يېڭى خىزمىتىنىڭ باستۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك گاڭگىراشقا باشلىغان. ئۇ سوراق جەريانىدا ھەر بىر يېڭى تۇتقۇننىڭ ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇرۇپ خورلانغانلىقىنى، ھەتتا ئاياللار ۋە 14 ياشتىن كىچىك بالىلارنىڭمۇ بۇ خىل ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىنى، تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردەك «يولۋاس ئورۇندۇق»قا ئولتۇرغۇزۇش، تاختايغا ئېسىپ قويۇش، توك كالتەكى يېقىش، سۇ تۈرمىسىدە قىيناش، ئاچ قويۇپ قىيناش، نەچچە كۈن ئۇخلاتماسلىق قاتارلىق قىيناش ۋاسىتىلىرىنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆرگەن، شۇنداقلا ساقچىلارنىڭ تۇتقۇنلارنىڭ يۈزىگە دەسسەپ تۇرۇپ، جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقىغا شاھىت بولغان.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قىسىم خىتاي ساقچىلار ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنى ئۆز ۋەزىپىسى سەۋەبلىك قىيىن-قىستاققا ئالغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم خىتاي ساقچىلار ناھايىتى ۋەھشىي ئىكەن ۋە بۇ قىيىن-قىستاق ۋە خورلاشلاردىن ھۇزۇر ئالىدىكەن.


سابىق خىتاي ساقچىسى مۇخبىرغا يەنە تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ تېررورلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەنلىكىنى، ئەمما قولغا ئېلىنغان نەچچە يۈزلىگەن تۇتقۇننىڭ ئىچىدە بىرەر كىشىنىڭمۇ جىنايەت سادىر قىلمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ئۇ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشتىن بۇرۇنلا خىتاي كومپارتىيەسى ئىچىدىكى چىرىكلىكنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى، خىتاي كوممۇنىستلىرى مۇستەبىت ھاكىمىيەت بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۆزىنىڭ خەلق تەرەپتە تۇرۇشنى خالىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇ سەۋەبلىك ئۇ خىتايدىن قېچىپ چىقىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاشكارىلاشنى قارار قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ ئائىلىسى يەنىلا خىتايدا قالغان.

سابىق ساقچى ئاخىردا مۇخبىرغا ئەمدى خىتايغا ھەرگىز قايتالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر قايتىدىغان بولسا، ئۇنى ئۆلگۈدەك قىيىنىشى، توپىلاڭچى، خىيانەتچى، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش، ئاغدۇرمىچىلىق جىنايىتى، تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنى قوللاش جىنايىتى قاتارلىق بارلىق تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرگەن.

مەزكۇر خىتاي ساقچى نۆۋەتتە ياۋروپادا سۈرگۈندە ياشاۋاتقان بولۇپ، ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلار ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق ئەسلىمىلەر ھەرۋاقىت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەي، ئۇنى روھىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرۈۋەتكەن.

بۇندىن بۇرۇنمۇ كۆپلىگەن شاھىتلار جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەردىكى دەھشەتلىك قىيىن-قىستاقلار، خورلۇقلار ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن بولۇپ، خەلقئارادا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغانىدى. خىتاي رېجىمى ھازىرغا قەدەر بۇ ھەقتىكى گۇۋاھلىقلارنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلماقتا ۋە شاھىتلارغا تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلمەكتە.



# ئەردوغان پارلامېنت يىغىنىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختالدى

تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تايىپ ئەردوغان 1 - ئۆكتەبىر تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ (بۈيۈك مىللەت مەجلىسى) 27 - نۆۋەتلىك 5 - قانۇن چىقىرىش يىلىنىڭ باشلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيە پارلامېنتى ئومۇمىي كېڭىشىگە خىتاب قىلدى.

مەجلىسنىڭ ئېچىلىشىغا ھاكىمىيەت بېشىدىكى ۋە ئۆكتىچى بارلىق پارتىيەلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى قاتناشقان بولۇپ، تۈركىيە پارلامېنتى رەئىسى مۇستافا شەنتوپ رىياسەتچىلىك قىلغان.

ئەردوغان سۆزىدە يېڭى ئاساسىي قانۇن، تېررورىزم، ئىقتىساد، دىپلوماتىيە، رايونلۇق ۋە خەلقئارالىق مەسىلىلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالغاندىن سىرت، ئىشغال ۋە زۇلۇم ئاستىدىكى دۆلەتلەرنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ يوللۇق دەۋاسىنى قوللاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ سۆزىدە يەنە ئۇيغۇرلار ھەققىدىمۇ توختالغان بولۇپ: «قېرىمدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھوقۇقىنى ئۇكرائىنانىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ئاساسىدا قوغدىغىنىمىزدەك، خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە بەھرىمەن بولۇشىغا دىققەت قىلىمىز» دېگەنلەرنى بىلدۈرگەن.

ئۇ سۆزىنىڭ داۋامىدا يەنە: «پەلەستىن ۋە قۇددۇستىن كەشمىرگىچە، روھىنگا مۇسۇلمانلىرىدىن ئافرىقىدا بىخەتەرلىك ۋە ئامراتلىق خەتىرى ئاستىدا ياشاۋاتقانلارغىچە بولغان بارلىق كىشىگە قەلب ئىشىكىمىزنى ئوچۇق تۇتىمىز. قەيەردە بىر مەزلۇم ۋە بېشىغا كۈن چۈشكەن كىشى بولسا، داۋاملىق ئۇنىڭغا يېنىدا بولىمىز ۋە بولۇپ كەلدۇق» دېگەنلەرنى قەيت قىلغان.

ئەردوغان 21 - سېنتەبىر ب د ت ئومۇمىي كېڭەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدىمۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختىلىپ: «خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، مۇسۇلمان ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تۈپ ھوقۇقلىرىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىلىشى كېرەك، دەپ قارايمىز» دېگەنىدى.

ئەردوغاننىڭ پارلامېنت يىغىنىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە قايتا توختىلىشى، شۇنداقلا ھەر قېتىمقىنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى پەلەستىن ۋە روھىنگا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىشى دىققەت قوزغىدى.



13 ـ نۆۋەتلىك «شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى» ۋە 4 ـ نۆۋەتلىك «شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى» بوسنىيە پايتەختى سارايېۋودا ئۆتكۈزۈلدى.

شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى يىللاردىن بېرى «شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى»نى ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، بوسنىيەگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ يىللىق يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 40 تىن ئارتۇق تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى، ئاكادېمىكلار، جامائەت ئەربابلىرى، ئاخبارات خادىملىرى ۋە بوسنىيەنىڭ بىر قىسىم دۆلەت ئەربابلىرى قاتناشتى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، 8 - ئۆكتەبىر سارايېۋونىڭ باشچارشى رايونىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىنى كۆپلىگەن يەرلىك خەلق زىيارەت قىلغان بولۇپ، بوسنىيەنىڭ تارىخىغا كۆپ جەھەتلەردىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئەمما ئۇنىڭدىن ھەسسىلەپ ئېغىر بولغان شەرقىي تۈركىستاندىكى پاجىئەلىك ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولدى.

بۇ نۆۋەتلىك «شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى» 9 - ئۆكتەبىر بوسنىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مارشلىرى ۋە قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. رىياسەتچى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئەپەندى ئېچىلىش سۆزى قىلدى.

ئۇ ئالدى بىلەن بوسنىيەدىكى ھەرقايسى ئەربابلارغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ، بوسنىيەنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ئۈلگە بولغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى خىتايدىن قوغداپ كەلگەنلىكىنى، خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن زۇلۇمنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ۋە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى خىتاينىڭ ئاشكارا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۆتكەنلىكىنى، ئەمما يەنىلا يالغان تەشۋىقاتى ئارقىلىق دۇنيانى ئالداشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ باستۇرۇشلارغا ھەرگىز باش ئەگمەيدىغانلىقىنى



بايان قىلىپ ئۆتتى. ئۇ سۆزىدە يەنە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ بۇ ھەقتە قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، پۈتۈن دۇنيانى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار سۆز قىلىپ، نۆۋەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باستۇرۇشقا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى يولىدىكى مەزكۇر يىغىنىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

يىغىندا شەرقىي تۈركىستان قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە مىللىي بىرلىك شۇراسىنىڭ تارىخى تونۇشتۇرۇلغان قىسقا ۋىدىيو قويۇلغاندىن كېيىن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە ئىمكانىيەت يار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇندىن بۇرۇنقى قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە مىللىي بىرلىك شۇراسىغا قاتنىشالماي كەلگەنلىكىنى ئىلاۋە قىلىپ، بۇ مۇھىم يىغىننى تەشكىللىگۈچىلەرگە، بوسنىيە ھۆكۈمىتىگە رەھمىتىنى بىلدۈردى ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان ۋە بېغىشلاۋاتقان قەھرىمان، پىداكار شەخسلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ سۆزىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نۆۋەتتە خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئەمما شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ھۆرلۈككە ئېرىشىدىغانلىقىدىن ھەرۋاقىت ئۈمىدۋار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن ئىسلام جامائىتى مىللىي گۆرۈش (كۆز قاراش) تەشكىلاتى رەئىسى مۇرات ئىلەرى ئەپەندى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتە ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلانغانلىقىنى، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ بۇ ھەقتە خىتاينى ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى، ئۆز تەشكىلاتىنىڭمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىتايغا قارشى ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن دۇنيا بىرلىشىپ، زۇلۇمنى توختىتىشنىڭ ئاللىبۇرۇن ۋاقتى كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى.

مىللىي گۆرۈش تەشكىلاتىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى مۇھەممەد تۇرھانمۇ سۆز قىلىپ، مەزكۇر يىغىنىنىڭ خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىنى كۈچەيتكەن كۈنلەردە، ئەلى ئىززەت بېگوۋىچنىڭ ۋەتىنىدە ۋە مەۋلۇت ھەپتىسىدە ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئېتىقادنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەشنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشتىكى ھالقىلىق نۇقتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا يوللىغان سىنلىق سالىمى يەتكۈزۈلدى. ئۇ سۆزىدە شەرقىي تۈركىستان مۇجادىلىسىنىڭ ماھىيىتىنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى ۋە پۈتۈن دۇنيا خىتاينىڭ ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسىنى تونۇمىغان بىر پەيتتە، بوسنىيە ھۆكۈمىتىنىڭ، شۇنداقلا بارلىق دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئالاھىدە سەزگۈر بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.



يىغىندا ياۋروپا ئىسلام مەجلىسىنىڭ رەئىسمۇ سۆز قىلىپ، ياۋروپادىكى مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولۇشقا باشلىغانلىقىنى، تەشكىلاتنىڭ ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر قىسىم پائالىيەتلەرنى تەشكىللىگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھەرۋاقىت شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.



ئارقىدىن سىربىيەنىڭ سانجاق مۇفتى سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا قاتارلىق مۇسۇلمان ئەللىرىدە زۇلۇمنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، خىتايغا ئوخشاش بىر كۈچكە قارشى قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش لازىملىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن خىتايلار ئۈستىدىن چوقۇم غالىب كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

يىغىندا يەنە سابىق پارلامېنت ئەزاسى، پىروفېسسور، دوكتور جەلال ئەرباي ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق تارىخىنى، تۈرك-ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇھىم رولىنى، دۈشمەنگە باش ئەگمەس روھىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى، شۇنداقلا يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قىرىنداشلىق ئۇچرىششى ۋە مىللىي بىرلىك شۇراسىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولىنى تەكىتلىدى ۋە يېقىن كەلگۈسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قايتىدىن ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولىغا ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن خەلقئارا بوسنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىنىڭ باستۇرۇش ۋە قالايمىقانچىلىققا دۇچار بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەمما دۇنيانىڭ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ بىرلىككە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئېچىلىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن ئالدى بىلەن دوكتور يەھيا مۇھاسىروف «بوسنىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش سېلىشتۇرۇلمىسى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ بوشناق مىللىتىنىڭ تارىخىنى ۋە بوسنىيە مۇستەقىللىق كۈرىشىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىن سىرت، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان خىتاينىڭ بوسنىيەدىكى تەشۋىقاتىنىڭ كۈچىيىپ قالغانلىقى، شۇڭا خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشقا تېخىمۇ كۈچەش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى رەئىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم «ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيادا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ نۆۋەتتە دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلۇق ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى، خىتاينىڭ كۈچىيىشى بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا زىيانلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچىيىشتىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن بىر پۇرسەت ياراتقانلىقىنى، تارىختىن بېرى تەستە كەلگەن بۇ پۇرسەتنى چوقۇم چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئۇ سۆزىدە يەنە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قانۇن-سىياسەتلىرى ئاساسىدا داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى، تەشكىلاتلارنى مۇئەسسەلەشتۇرۇش، سىياسىيونلارنى مۇتەخەسسىسلەشتۈرۈش ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ئالاھىدە مۇھىملىقىنى، بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تۈرك دۇنياسىنىڭ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقاتچىسى نىجات تۇرغۇن ئەپەندى «غەربنىڭ خىتاي سىياسىتى - پۇرسەتلەر ۋە تەھدىتلەر» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلەپ، خىتاينىڭ نۆۋەتتە ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا

تەھدىت شەكىللەندۈرگەنلىكىنى، ئەمما ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا بولغان مەيدانىنىڭ پەرقلىنىدىغانلىقىنى، ئامېرىكا خىتاينى ئىستراتېگىيەلىك رەقىب دەپ قارىسا، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاينىڭ سودا شېرىكى، رىقابەتچى ۋە تەھدىت دېگەن بىر نەچچە نۇقتىدىن قارايدىغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىشكە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى روشەن ئابباس خانىم سۆز قىلىپ، خىتاينى بۇ ھالەتكە ئەكەلگەن دۆلەتنىڭ ئامېرىكا ئىكەنلىكىنى، ئەمما خىتاينىڭ ئامېرىكىنىڭ كۈتكىنىدەك چىقمىغانلىقىنى، ئەكسىچە غەرب دۇنياسىغا تەھدىت شەكىللەندۈرگەنلىكىنى، بۇ سەۋەبلىك ئامېرىكىنىڭ خىتاي سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى، نۆۋەتتە ئامېرىكىدىكى پارتىيەلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ۋە خىتاينىڭ ئەڭ زور تەھدىت ئىكەنلىكىدە بىردەك ئورتاق پىكىردە ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكىنىڭ يېڭى خىتاي سىياسىتىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

يىغىن جەريانىدا لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەر بىلەن يىغىن قاتناشقۇچىلىرى يەنە سوئال-جاۋاب تەرىقىسىدە تۈرلۈك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى.

يىغىننىڭ ئىككىنچى كۈنى ئالدى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باش تەپتىشى ئابلىكىم ئىدرىس ئەپەندى «شەرق ئەللىرىنىڭ خىتاي سىياسىتى - پۇرسەتلەر ۋە تەھدىتلەر» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، نۆۋەتتە شەرق ئەللىرىدە خىتاينىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئىنتايىن زور ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كونترول قىلىپلا قالماي، بۇ دۆلەتلەردىكى يالغان تەشۋىقاتىنىمۇ ئالاھىدە كۈچەيتكەنلىكىنى، بۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇتۇش كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۇستاز سىراجىدىن ئەزىزى سۆز قىلىپ، نۆۋەتتە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ چوڭ دۆلەتلەرگە بېقىندى ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشتا ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تونۇتۇشتا پاراسەت بىلەن ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىكى 57 ئىسلام دۆلىتىگە شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلات سۇنۇپ، ئەلچىلەر بىلەن ئالاقە قۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى، بۇ ھەقتىكى مەسئۇلىيەتنى داۋاملىق ئۈنۈملۈك دەرىجىدە ئادا قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇر ئەپەندى «ئەرەب دۇنياسىدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» دېگەن تېمىدا توختالدى. ئۇ ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ كۈنىمىزدە باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا سىياسەت يۈرگۈزىدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا پىلانى ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرگە كۆز تىككەنلىكىنى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ بۇ دۆلەتلەردە يۈكسىلىشىنى توسۇش ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقىرىۋاتقانلىقىنى، ئەرەب دۇنياسىدا ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار مەلۇماتلار ۋە ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ ئىنتايىن يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى، بۇ بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

يىغىن ئوخشاشلا لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەر بىلەن يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوئال-جاۋابلار بىلەن داۋاملاشتى. بوسنىيەدىكى بىر قىسىم تەشكىلات رەھبەرلىرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى بالقان دۆلەتلىرىگە تونۇتۇش ئۈچۈن، بۇ



ھەقتىكى ماتېرىيال، دوكلاتلارنى بالقان دۆلەتلىرىنىڭ تىلىدىمۇ تەييارلاش كېرەكلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭغا ھەرۋاقىت ھەممەدە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

بوسنىيە پايتەختى سارايېۋودا ئىككى كۈن داۋاملاشقان 13 - نۆۋەتلىك «شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى» ۋە 4 - نۆۋەتلىك «مىللىي بىرلىك شۇراسى» 10 - ئۆكتەبىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى.

بۇ يىللىق قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە مىللىي بىرلىك شۇراسى دۇنيا سىياستى كۈنسېرى جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ خەلقئارا سىياسىي سەھنىدىكى ئورنى يۇكسىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ۋەزىيەتكە ماس قەدەمدە ھەرىكەت قىلىش، تۇغۇلۇۋاتقان پۇرسەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، شۇنداقلا كەلگۈسى بىر يىلدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا قىلىنىشى زۆرۈر دەپ قارالغان ھەرىكەتلەرنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش مەقسىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يىغىنغا 10 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن 40 نەچچە تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى، ئاكادېمىكلار ۋە جامائەت ئەربابلىرىدىن بولۇپ 120 دىن ئارتۇق ۋەكىلنىڭ قاتناشتى. بۇلاردىن سىرت ياۋروپا، ئامېرىكا، تۈركىيە ۋە بالقان دۆلەتلىرىدىن كەلگەن مۇھىم شەخسلەر، تەشكىلات ۋەكىللىرى ۋە دىپلوماتلارمۇ يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تەرەپلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىلىپ، كەلگۈسىدىكى خىزمەتلەر ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە پىلان تۈزۈلدى.

**يىغىندا تۆۋەندىكى مۇھىم نۇقتىلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى:**

1. خىتاينىڭ ئۇنىۋېرسال قىممەت-قاراشلىرىغا ۋە ئىنسانىيلىقىقا تامامەن زىت بولغان سىياسىي سىستېمىسى ، مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي كۈلتۈرى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى ھىيلە-نەيرەڭلىرىنى ئېچىپ تاشلاش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش؛

2. غەرب دۆلەتلىرىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، ئىسلامىي ھەرىكەتلەر ۋە ھەر ساھە شەخسلىرى بىلەن خىتايغا قارشى ھەمكارلىق ئورنىتىش؛

3. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىلات سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇتەخەسسىسلىشىشنى تېزلىتىش ۋە كەسپىي مۇتەخەسسىسلەر قوشۇنىنى كۈچەيتىش؛

4. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىسلام دۇنياسىنى خىتاي تەھدىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش؛

5. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى قوغدىغان ئاساستا ئۆزئارا ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ھەرخىل كۈچلەرنىڭ خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇش، ئوخشىمىغان پىكىرلەر ۋە تۈرلۈك تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ۋە ئورتاق خىزمەتلەرنى كۆپەيتىش؛

6. تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىقتا توسالغۇ بولىدىغان بارلىق ئامىللارغا قاراپ چىقىپ، ئۆزئارا ئىشىنىش، چۈشىنىش، قوللاش ۋە قوغداش روھىنى ئورنىتىش؛

7. ئىسلام ئەللىرىدە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە بالقان دۆلەتلىرىدە خەلق دىپلوماتىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ خەلقئارالىشىشىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھەرخىل تىللاردا تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش؛

8. ياشلارنىڭ تەلىم-تەربىيە قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، كەلگۈسىدە دەۋا سېپىدىكى لاياقەتلىك ياشلارنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن مۇھىم بولغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇش؛

9. شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ ۋاز كەچمەس پرىنسىپ ئىكەنلىكىنى ھەرۋاقىت تەكىتلەش، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىشغال قىلىنغان



تۇپراق ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا تىرىشىش؛

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىككى كۈن جەريانىدا يەنە تۆۋەندىكىدەك تەكلىپ-پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. خىتاينى قوللاۋاتقان دۆلەت ۋە ئورگانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئالاقىسىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خىتايغا بېسىم قىلىشقا چاقىرىش؛

2. خىتاي بىلەن چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش؛

3. تارىختىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا چوڭ رول ئوينىغان ئۆلىمالار، سىياسىيونلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن تەجرىبە-ساۋاق ئېلىش؛

4. ئاياللارنىڭ دەۋادىكى رولىنى ئاكتىپلاشتۇرۇش؛

5. خىتايغا رەقىب كۈچلەرگە نىسبەتەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش؛

6. ئىسلام دۇنياسىغا قارىتا يېڭى پىلان، قەدەملەرنى تۈزۈپ چىقىش؛

7. خىتاي ۋە ئىسلام دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم كېلىشىمنامىلەرنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىش؛

8. ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ۋە خەلق دىپلوماتىيەسىنى كۈچەيتىش؛

9. بالقان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا بۇ رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تىلىدىكى كىتاب-ژۇرنال ۋە باشقا ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تونۇشتۇرۇش؛

10. تەشكىلاتلارنىڭ ئاجىزلىق ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ياخشى ئانالىز قىلىش ۋە باشقا تەشكىلاتلارنى ئۆزىگە تولۇقلىما دەپ كۆرۈش؛

11. شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزبېكچە، قازاقچە، قىرغىزچە ۋە رۇسچە تەشۋىقاتلارنى كۆپەيتىش.

شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى بۇ يىل، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئوخشاشلا ئۇزۇن يىل كوممۇنىزمنىڭ تۇرلۇك زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، كېيىن ئەلى ئىززەت بېگوۋىچنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇزۇن يىل كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلانغان بوسنىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى بالقان دۆلەتلىرىگە كېڭەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارالماقتا.

بوسنىيەدىكى بۇ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزۈلۈشكە بىر نەچچە كۈن قالغاندا، خىتاينىڭ بوسنىيەدىكى باش ئەلچىسى جى پىڭ بوسنىيەدە چىقىدىغان «ئازادلىق گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى ئاقلاشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنغانىدى ۋە بوسنىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستانچى كۈچلەر»نىڭ بوسنىيەدىكى پائالىيەتلىرىدىن ئاگاھ بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە جار سالغانىدى.





# ئاۋستراليە ئەقىل ئامبىرى خىتاينىڭ باستۇرۇشلىرى ھەققىدە يېڭى دوكلات ئېلان قىلدى

ئاۋستراليە ئەقىل ئامبىرى شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار يېڭى بىر دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئاتالمىش «قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى» ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

ئاۋستراليە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى 19 - ئۆكتەبىر ئېلان قىلغان يېڭى دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلىۋاتقان زىيانكەشلىك قىلمىشى تەھلىل قىلىنغان. دوكلاتتا شەرقىي تۈركىستاندا ئاشكارىلانغان مىڭلىغان ساقچى دوكلاتى ۋە باشقا رەسمىي ھۆججەتلەر نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان باشقۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ ماۋ زېدۇڭ دەۋرىدە تەشۋىق قىلىنغان ئاتالمىش «قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى» بىلەن نۇرغۇن ئوخشاشلىقى بارلىقى كۆرسىتىلگەن.

دوكلاتتا قەيت قىلىنىشىچە، ئىلگىرى ئاشكارىلانغان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن ۋە مەجبۇرىي ئەمگەكتىن باشقا، شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىدە قالغان يەرلىك ئاھالىلەرمۇ سىياسىي خاراكتېرلىك تىياتىرلارنى كۆرۈشكە، ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى، پاش قىلىش ۋە تەنقىدلەش يىغىنى، قەسەم قىلدۇرۇش يىغىنى، سىياسىي دەرسلىك، شوئار توۋلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا مەجبۇرلانغان.

ئاۋستراليە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بايقىشىچە، خىتاي ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىش جەريانىدا، بەش مۇھىم سىياسەتنى يولغا قويۇپ، كومپارتىيەنىڭ سىياسەت سىستېمىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭدۇرگەنلىكىنى بايقىغان. بۇ بەش مۇھىم سىياسەت ئولتۇراق رايوندا ساقچىخانا تەسىس قىلىش، تور باشقۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ياشاش، ئۈچ كىشىلىك نازارەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە ئون ئائىلە بىرلەشمە مۇداپىئە مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

دوكلاتتا دېيىلىشىچە، بۇ سىياسەتلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى مەھەللە ۋە يېزا ئەمەلدارلىرىغا ئالاھىدە ھوقۇق بەرگەن بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ھېسسىياتىنى نازارەت قىلىشقا يول قويغان. بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە، قورقۇنچلۇق كەيپىيات پەيدا قىلغان. مەسىلەن: ئۇيغۇر ياشىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە توردا ئېلان قىلغان ھاياتقا بولغان ئۈمىدسىزلىكى «رايون مۇقىملىقىغا تەھدىت» دەپ قارىلىپ، يەرلىك ساقچىلارنىڭ نىشانىغا ئايلانغان.

دوكلاتنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ بىرى بولغان ئاۋستراليە

لا تروبې ئۇنىۋېرسىتېتى خىتاي مىللىي سىياسىتى پىروفېسسورى جېيمىس لېبولد مۇخبىرىغا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاھالە كومىتېتىنى كونترول قىلىش مېخانىزمىنىڭ خىتاينىڭ ئاساسىي قاتلامنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ نىشانى ئامىمنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئوخشىمىغان پىكىر ۋە مۇقىمسىزلىقنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغىمۇ كېڭەيتىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە، خىتاينىڭ ئاتالمىش «تېرروrلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە مۇقىملىقنى ساقلاش قوماندانلىق ئورگىنى» قۇرۇپ چىقىپ، «بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن بىرلەشمە مەشغۇلات سۇپىسى» ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتكەن ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە نۇرغۇن شەخسىي ئۇچۇرلارنى توپلىغان. دوكلاتنىڭ ئاپتورى يەنە خىتاينىڭ رەزىل نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسى قانۇنىغا زىت يېڭى بەلگىلىمە چىقارغانلىقىنى بايقىغان. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر قىسىم يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇيغۇرلارنى مەلۇم رايوندىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنى تۇتقۇن قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغان.

دوكلاتتا، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر ساقچى مۇتەخەسسىسلەرنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش ھەرىكىتى ھەققىدىكى بىر بۆلۈك خاتىرە بىلەن تەمىنلىگەن. ساقچىلارنىڭ خاتىرىسىدە ئاشكارىلىنىشىچە، بىر قىسىم تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى «جەمئىيەتتىن نارازى»، «مۇقىم ئادرېسى يوق» ياكى «مۇقىم كىرىمى يوق» دەپ قولغا ئالغان. دېلونىڭ بىرىدە ئاشكارىلىنىشىچە، ئىكرام ئىمىن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر 2017 - يىلى پەقەت يەرلىك ساقچىلارنىڭ قولغا ئېلىش ۋەزىپە سانىنى تولدۇرۇشى ئۈچۈن، قايتا تەربىيەلەش لاگېرىغا سولانغان. كېيىن ئىكرام ئىمىن كېيىن لاگېردا ب تېپىلىق جىگەر ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان، ئەمما داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. يەرلىك ساقچىلار ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا دورا ئەۋەتىپ بېرىشىنىمۇ چەكلىگەن.

دوكلاتنىڭ ئاپتورى توپلىغان رەسمىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ ئورنىمۇ يۇقىرى كۆرۈلگەن بولۇپ، ئالدىنقى قاتاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي ئىكەن. 2021 - يىلى 9 - ئايغىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى ئۇيغۇر بولىدىغان ئەھۋال پۈتۈنلەي قالمىغان.

دوكلات ئاپتورىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي ئۆزلىرى ۋەدە قىلغان ئاتالمىش «مىللىي ئاپتونومىيە»نى يوقاتقان بولۇپ، بۇ خىتايلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يادروسىدىكى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىرقچىلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.

دوكلات ئاپتورىنىڭ تەكىتلىشىچە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەشۋىق قىلغان ئاتالمىش «مەخسۇس تەربىيەلەش» جازا لاگېرلىرىدىلا ئەمەس، جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىمۇ شەكىللەنگەن بولۇپ، خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە تىلىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغان.

دوكلات ئاپتورىنىڭ بىرى لېي گوجۈن مۇخبىرغا شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ خىتاينىڭ تېخىمۇ كېڭىيىۋاتقان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنغان ئاتالمىش «مۇقىملىقنى قوغداش» نامىدىكى ۋەھشىي ئۇسۇللارنى خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىدىمۇ ئىجرا قىلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرگەن.





# 43 دۆلەت خىتايدىن شەرقىي تۈركىستاننى چەكلىمىسىز تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى

ئامېرىكا، فىرانسىيە ۋە تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 43 دۆلەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش قىلمىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى ۋە شەرقىي تۈركىستاننى چەكلىمىسىز تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 43 دۆلەت 21 - ئۆكتەبىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا رەسمىي بايانات ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

باياناتتا مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مىللەت ئەزالىرىنى كەڭ كۆلەمدە نازارەت قىلىش، دىنغا چەكلىمە قويۇش ۋە كوللېكتىپ باستۇرۇش قىلمىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈلگەن. 43 دۆلەت يەنە خىتاينى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ باشچىلىقىدىكى مۇستەقىل تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى چەكلىمىسىز تەكشۈرۈشكە يول قويۇشقا چاقىرغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆپلىگەن غەرب دۆلەتلىرىدىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپا بارلىق دۆلەتلەردىن خىتايغا قارىتىلغان بېسىمنى ئاشۇرۇش سېپىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، ب د ت ئومۇمىي كېڭىشىنىڭ ئۈچىنچى كومىتېتى ئېلان قىلغان خىتايغا قارشى بىرلەشمە باياناتقا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ سانى كۆپەيگەن ۋە كۆپ خىللاشقان. بۇ يىل تۈركىيە تۇنجى قېتىم خىتايغا قارشى بىرلەشمە باياناتقا قوشۇلغاندىن سىرت، ئافرىقا دۆلەتلىرى ئىچىدە لىبېرىيە ۋە سېۋېزىلاندمۇ قېتىلغان.



ختتاينىڭ ب د ت دىكى دائىمىي ۋەكىلى جاڭ جۈن 43 دۆلەتنىڭ بىرلەشمە باياناتىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇرۇنقى يالغان جۈملىلىرىنى تەكرارلاپ: «سىلەرنىڭ باياناتىڭلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. شىنجاڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ. ھەر قايسى دۆلەتنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرىگە شىنجاڭنىڭ ئىشىكى ئوچۇق» دەپ بىلجىرلىغان.

يىغىندا بېلارۇسىيە، ئارتېرىيە، ئىران، شىمالى كورىيە، سۈرىيە ۋە ۋېنېزۇئېلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 نەچچە دۆلەت ختتاينى قوللاپ سۆز قىلغان.

«كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، ختتاينىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش سىياسىتىنى ئەيىبلەشنىڭ ختتاينى ئەندىشىگە سالىدىغانلىقىنى، ئېزىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئۈمىد بېغىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

«كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» نىڭ ب د ت ئىشلىرى مەسئۇلى لۇئىس شاربونۇمۇ بۇ ھەقتە: «ب د ت دىكى بارلىق رايونلۇق گۇرۇپپىلارنىڭ ختتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى توختىتىشقا ۋە ب د ت نىڭ مۇستەقىل تەكشۈرگۈچىلىرىنى دەرھال زىيارەت قىلىشقا چاقىرىق قىلىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولدى» دېگەن.

ئۇ يەنە «ئەزا دۆلەتلەر خەلقئارا تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى رەسمىي ۋە چەكلىمىسىز تەكشۈرۈشى ھەمدە مەزكۇر جىنايى قىلمىشلاردا جاۋابكارلىقى بار ئەمەلدارلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش يوللىرى ھەققىدە تەكلىپ بېرىشى كېرەك» دېگەن.





# داڭلىق ۋاسكېتبولچى ئۇيغۇرلارنى قوللىغانلىقى سەۋەبلىك خىتايدا چەكلەندى

ئامېرىكىدا توپ ئويناۋاتقان داڭلىق ۋاسكېتبولچى ئەنەس كانتېر تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقارغانلىقى سەۋەبلىك، خىتاي تەرىپىدىن چەكلەندى.

ئامېرىكا كەسپىي ۋاسكېتبولچىلار بىرلەشمە مۇسابىقىسى (NBA) نىڭ بوستون سېلتىكس كوماندىسىنىڭ داڭلىق توپچىسى، تۈرك مىللىتىدىن بولغان ئەنەس كانتېر 22-ئۆكتەبىر تىۋىتتېر ھېساباتىدا يېڭى سىن يوللاپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئەيىبلىگەن.

كانتېر مەزكۇر سىنىنىڭ ئۈستىگە: «رەھىمسىز دىكتاتور شى جىنپىڭ ۋە خىتاي كومپارتىيەسى، مەن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا سىلەرگە چاقىرىق قىلىمەنكى، قۇل ئەمگىكى ئورۇنلىرىنى ۋە لاگېرلارنى تاقاڭلار ۋە ئۇيغۇر خەلقىگە ئەركىنلىك بېرىڭلار، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ھازىرلا توختىتىڭلار» دەپ يازغان.

ئۇ مەزكۇر سىنىدا: «مەن سۆزلەۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر مىليون 800 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى لاگېرغا سولاپ قىيناۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق، قىيناش، باسقۇنچىلىق قىلىش، مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش ۋە تۇغماس قىلىش، ئائىلىنى پارچىلاش، خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش، جازا لاگېرىغا سولاش، لاگېر ۋە ئاتالمىش سىياسىي جەھەتتە قايتا تەربىيەلەش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق جىنايەتلەر ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ» دېگەن.

> ئەنەس كانتېر سىنىدا يەنە: «مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم ئۆلتۈرۈلگەن، باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغان ۋە خورلانغان بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ھۆكۈمەت ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇشى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ» دېگەن.

ئەنەس كانتېر ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئاۋاز چىقىرىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ئوخشاش ئۇسۇلدا سىن تارقىتىپ، خىتاينىڭ تىبەتلەرنى باستۇرغانلىقىنى ئەيىبلىگەنىدى ۋە خىتاينىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. بۇ سەۋەبلىك تېڭشۈن شىركىتى ۋىدىيو سۈپىسىدا بوستون سېلتىكس كوماندىسىنىڭ مۇسابىقىسىنى تارقىتىشنى توختاتقان. سىنا مىكرو بىلوگىدىمۇ (ۋېيبو) ئەنەس كانتېرغا ئالاقىدار بارلىق مەزمۇنلار ئۆچۈرۈلگەن.

بۇ NBA كوماندىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم خىتاينىڭ چىشىغا تېگىشى ئەمەس بولۇپ، 2019 - يىلى 10 - ئايدا NBA دىكى داڭلىق كوماندىلارنىڭ بىرى بولغان خيۇستون راكېتا كوماندىسىنىڭ باش دىرېكتورى دارىل موربېي تىۋىتتېردا خوڭكوڭ خەلقىنىڭ ئەركىنلىك كۈرىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدىن كېيىن، خىتاينىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى ۋە راكېتا كوماندىسىنىڭ مۇسابىقىلىرىنىڭ خىتايدا تارقىتىلىشى چەكلەنگەنىدى.




# «مەغرىب ئەللىرى ئۆلىمالار بىرلىكى» شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى

«مەغرىب ئەللىرى ئۆلىمالار بىرلىكى» تۈنۈگۈن مەغرىب ئەللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى مەسىلىسىدىكى مەيدانى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى.

مەغرىب ئەللىرى ئۆلىمالار بىرلىكى مەزكۇر باياناتىدا ماۋرىتانىيە، ماراكەش، ئالجىرىيە، تۇنىس، لىۋىيە قاتارلىق مەغرىب ئەللىرىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىسىگە ئۇچراۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى مەسىلىسىدە خىتاي تەرەپتە تۇرۇپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا خىيانەت قىلغانلىقىدىن چۆچۈگەنلىكىنى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى «قېرىنداشلىق، بىر-بىرىنى تاشلىۋەتمەسلىك، خىيانەت قىلماسلىق» مەيدانىنىڭ قانداق بولۇپ ئۆزگىرىپ بۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن.

باياناتتا خىيانەت ۋە زۇلۇمنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئەرەبلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە زىت كېلىدىغانلىقى تەكىتلىنىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قىلىۋاتقان دىنىي چەكلىمىلىرى، زۇلۇملىرىنىڭ 60 دىن ئارتۇق دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان تۇرۇپ، مەغرىب ئەللىرىنىڭ خىتاينى قوللاپ، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلغانلىقى تەنقىد قىلىنغان.

باياناتتا يەنە بەزى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئافغانىستاندىكى ئاياللار ھوقۇقى ئۈچۈن پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتقانلىقى، بىراق ئۇلارنىڭ بارلىق ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، دىنىي ۋە مەدەنىيىتىگە زىت ھالدا خىتاي بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىنىش، ئائىلىسىدىن، پەرزەنتلىرىدىن ئايرىۋېتىلىش قاتارلىق زۇلۇملارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ئاياللار ھەققىدە سۈكۈت قىلىۋالغانلىقى تەنقىد قىلىنغان.

باياناتنىڭ ئاخىرىدا مەغرىب ئەللىرى ئۆلىمالار بىرلىكى مەغرىب دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە ۋە بارلىق ئاماللار بىلەن ئۇيغۇر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى قوللاشقا چاقىرىش قىلىش بىلەن بىرگە، مەغرىب دۆلەتلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئىجرا قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە، بۇ ھەقتە ئاۋاز چىقىرىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئادالەتسىزلىكنى توختىتىشقا چاقىرىق قىلغان.




تۈركىيەنىڭ ب د ت دىكى دائىمىي ۋەكىلى فەرىدۇن سىنىرلىئوغلى خىتاينىڭ سۈرىيە مەسىلىسىدىكى ئەيىبلىشىگە قارىتا: «بىز سىلەردىن دەرس ئالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىدۇق» دەپ رەددىيە بەردى.

خەۋەر يەتتە تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن دائىمىي ۋەكىلى گېڭ شۇاڭ تۈركىيەنى سۈرىيە مەسىلىسىدە كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا چاقىرغان. تۈركىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى دائىمىي ۋەكىلى فەرىدۇن سىنىرلىئوغلى ئۇنىڭغا كەسكىن رەددىيە بېرىپ: «بىز خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنى ۋە كىشىلىك ھوقۇقلارنى دەپسەندە قىلغۇچىلاردىن دەرس ئالغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىدۇق» دېگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي ۋەكىلى گېڭ شۇاڭ ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ سۈرىيە مەسىلىسىدىكى مۇزاكىرىدە تۈركىيەنى فۇرات دەرياسى سۈيىنىڭ ئازىيىشى ۋە سۇ ئەسلىھەلىرىنىڭ قىسقارتىلىش مەسىلىسىگە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى، تۈركىيەنىڭ سۈرىيەنىڭ شەرقىي شىمالىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى ئەيىبلىگەن ۋە تۈركىيەنى خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا چاقىرغان.

فەرىدۇن سىنىرلىئوغلى سۇ ئەسلىھەلىرى مەسىلىسىدە خىتايغا بەرگەن جاۋابىدا، سۇ ئەسلىھەلىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ ب د ت باش كاتىپىنىڭ دوكلاتىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، تېررورلۇق تەشكىلاتى PKK/YPG ۋە سۈرىيە ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ مەسىلىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سۇيىئىستېمال قىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.

خىتاينىڭ بۇ مەيدانى تۈركىيەنىڭ ئالدىنقى ھەپتە ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بىلدۈرگەن ئىپادىسىدىن ئۆچ ئېلىش، دەپ تەھلىل قىلىنىۋاتقان بولۇپ، ئالدىنقى ھەپتە ب د ت دا تۈركىيەنىڭ تۈنجى قېتىم قېتىلىشى بىلەن، 43 دۆلەت خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلغانىدى.

# پۈتۈن دۇنيا جىنايەتچى



مۇھەممەت تۇرسۇن ئۇيغۇر

2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ياكى رەسمىي ئىسمى بىلەن 24 - نۆۋەتلىك قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2022 - يىلى 4 - فېۋرالدىن 20 - فېۋرالغىچە خىتاينىڭ بېيجىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلمەكچى. بۇ پائالىيەت خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى تەرىپىدىن تەستىقلاندى. نۇرغۇن دۆلەتلەر بۇ پائالىيەتنى قوللىدى.

ئەمما مەن بۇ ئولىمپىكقا قەتئىي قارشى تۇرىمەن. چۈنكى كوممۇنىست خىتاي بىر تېررور دۆلىتىدۇر، قانۇنسىز بىر رېجىمدۇر. شەرقىي تۈركىستان 72 يىلدىن بۇيان خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىدە بولۇپ، يېقىنقى ئالتە يىلدىن بېرى خىتاي يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمەكتە. ھازىرغا قەدەر ئامېرىكا قاتارلىق يەتتە دۆلەت خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سادىر قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە جاكارلىدى.

ئەسلىدە بارلىق دۆلەتلەر 2008 - يىلى خاتالىق ئۆتكۈزدى، يەنى 2008 - يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىنى خىتايغا بەردى. ئۇ ۋاقىتتا بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار پۈتۈن دۇنياغا بۇنداق قىلىشنىڭ ناھايىتى چوڭ خاتالىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتۇق، ئەمما دۇنيا چۈشەنمىدى، ئاۋازىمىزنى ئاڭلىمىغان، بىلمىگەن بولۇۋالدى. مەن 2008 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىستانبۇل گالاتا كۆۋرۈكىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا ئولىمپىك مەشئىلىگە ھۇجۇم قىلدىم. ئەمما دۇنيا بۇ ئەھۋالغا كۆز يۇمدى، بىلمەس بولۇۋالدى، پەرۋا قىلمىدى.

ئولىمپىك بېيجىڭدا باشلانغان 2008 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەنقەرەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويدۇم، يەنى ئۆزۈمنى مەشئەل قىلىپ ياقتىم. باشقىچە ئېيتقاندا بىر كۈندە بىرى بېيجىڭدا، يەنە بىرى خىتاينىڭ ئەنقەرەدىكى باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا بولۇپ، ئىككى ئولىمپىك مەشئىلى يېقىلدى. بۇ مەيداندا نەق مەيدان تارقىتىۋاتقان نۇرغۇنلىغان چەت ئەل قاناللىرى ۋە ئونلىغان يەرلىك تېلېۋىزىيە قاناللىرى بار ئىدى. بەكمۇ ئەپسۇسكى، ئۇ ئولىمپىكنى ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە ئېتىپمۇ توسۇپ قالالمىدۇق. بۇ ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئارىدىن 13 يىل ئۆتۈپ يەنە خىتايغا بېرىلدى. نومۇس، نومۇس، نومۇس! ھەممىڭلارغا لەنەت بولسۇن!

مەن بۇ يەردە كوممۇنىست خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، شۇنداق رەھىمسىز، رەزىل ۋە ئوچۇق-ئاشكارا تېررورلۇق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، خىتايغا يانتاياق بولغان خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ۋە رەھبەرلىرى باشتا بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى، رەھبەرلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەيمەن ھەمدە: «خىتاينىڭ 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى قوللىغان بارلىق دۆلەتلەر ۋە رەھبەرلەر! سىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان خىتاينىڭ قولچوماقلىرى ۋە غالچىلىرى، سىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا شېرىك بولدۇڭلار!» دەيمەن.

سىلەرگە لەنەت، ئادىمىيلىكىڭلارغا لەنەت!

ياشىسۇن مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان!

يوقالسۇن تاجاۋۇزچى، ئىشغالىيەتچى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلغۇچى خىتاي ۋە غالچىلىرى!

دۇنيا تارىخى بۇنداق يېزىلماسلىقى كېرەك!

خىتاينىڭ تەلپى بويىچە 19 - ئىيۇل ماراكەش ئايرودۇرۇمىدا تۇتۇپ قېلىنغان شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر ياش ئىدرىس ھەسەن خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىدە تۇرماقتا. ماراكەش ھۆكۈمىتى ئىدرىس ھەسەننى چوقۇم قويۇۋېتىشى كېرەك.



## مەنبەلەر

https://istiqlalhaber.com/page/news/4216
https://istiqlalhaber.com/page/news/4214
https://istiqlalhaber.com/page/news/4335
https://istiqlalhaber.com/page/news/4220
http://istiqlalhaber.com/page/news/4242
http://istiqlalhaber.com/page/news/4250
https://istiqlalhaber.com/page/news/4251
http://istiqlalhaber.com/page/news/4277
http://istiqlalhaber.com/page/news/4283

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **يۈسۈپجان قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| بەتچىك | **ئىرشات سەرھان** |
| ھەجۋىي رەسىم | **ئىرشات سەرھان** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |



**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**www.istiqlalmedia.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**